# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 2 - ئاي
25
سەيشەنبە
维吾尔文 2 月25日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65–0002/–W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24982 - سان بۈگۈن 2 بەت


باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى رىغبەتلەندۈردى ——

## قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، ليۇ يى

«جۇڭخۇا مىللىتى تارىختا نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، لېكىن ئەزەلدىن باش ئەگمەي، بەلكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانسېرى شۇنچە قەيسەر بولۇپ، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە غەيرەتكە كەلگەن.»

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەمەلىي نەتىجە - ئۆلچىمى ئارقىلىق لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش كېرەك

چېن چۈەنگو سۆز قىلدى شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، ئۆگىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، ليۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، گوۋۇيۈەن 30 - خىزمەت يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ شۆتاۋ يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئاكتىپ ياخشىلىنىش ھالىتى كېڭىيىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىز، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشىمىزغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلدى، مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بېغىشلىدى. قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش، ئىككىلىسىگىلا دەخلى يەتكۈزمەسلىك، قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ پارتىيە ۋە خەلققە لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تاماملاش جاپالىق، مۈشكۈل، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ساقلاش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە تاپشۇرغان مۇھىم، زور ۋەزىپە، بىزگە نىسبەتەن مۇھىم، زور سىناق. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئىقتىساد،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەيلى

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئىقتىساد، جەمئىيەت ھەرىكەت ھالىتىدە ئايلىنىپ تۇرىدىغان سىستېما، ئۇزاق ۋاقىت توختاپ قالسا بولمايدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشتە، ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش، ھەم يۇقۇمنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشاننى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە تاپشۇرغان مۇھىم، زور ۋەزىپە، بىر قېتىملىق چوڭ جەڭ، چوڭ سىناق.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەپ، يۇقۇم ۋەزىيىتى ۋە تەسىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى تۇتۇشىمىزنى كۈچلۈك يېتەكچىلىك ۋە تۈپ مىزانغا ئىگە قىلدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشتە ئالدى بىلەن جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىش كېرەك. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان دۆلىتىمىزدە يۈز بەرگەن تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇملىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى. قىسقا مۇددەت ئىچىدە يۇقۇمنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بىرقەدەر زور زىيان ئېلىپ كېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، لېكىن دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى. بولۇپمۇ بۇ ۋاقىتتا، مەسىلىلەرگە تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك، دىيالېكتىكىلىق، يىراق كەلگۈسى نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىش كېرەك. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە پائال ياخشىلىنىش ھالىتى كېڭىيىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمى توغرا، تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋاقتىدا بولدى، قوللانغان تەدبىرلىرى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك بولدى. پەقەت بىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىشەنچىمىز، ئىرادىمىزنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتنى ساقلاپ، ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىپ، خىزمەت غەيرىتىنى كۈچەيتىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، رايونغا ئايرىپ تەدبىر يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرالىساقلا، چوقۇم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشتە جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى يەنىلا ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇرۇلۇش نۇقتىسى تېخى يېتىپ كەلمىدى، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە ئاسانلىقچە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق، دەپ قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ. بىخۇدلۇق ئىدىيەسىنى، جەڭدىن بىزار بولۇش كەيپىياتىنى، تەلەي سىناش پسىخىكىسىنى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق قوماندانلىق ئىشتابى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى ئاممىغا قولاي مۇلازىمەت قىزىق لىنىيە تېلېفونىنى كۆپەيتتى

ئۆز خەۋىرىمىز ئۇچۇر ئالاقە يوللىرىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇش، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە، بولۇپمۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى ئالدىنقى مەزگىلدىكى 12320 قىزىق لىنىيەسى ئاساسىدا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە 24 سائەت ئاممىغا قولاي مۇلازىمەت قىزىق لىنىيە تېلېفونىدىن ئۈچنى كۆپەيتتى. ھەر مىللەت ئامما يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئەگەر ئالاقىدار تەلەپلىرى بولسا تۆۋەندىكى نومۇرلارغا تېلېفون قىلسا بولىدۇ: 12320، 0991 - 5190878, 5190871, 2391334.

## شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يەنە ئىككى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 30غا يەتتى

ئۆز خەۋىرىمىز 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە ئىككى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى بىڭتۇەن 12 - شىسىدىكى، يەنە بىرى بىڭتۇەن 9 - شىسىدىكى ئاغرىق مىسالى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست:

# نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرى ئىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز



2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدىكى كۆپ قوزىلايدىغان قوي كۆپەيتىش مەيدانىدا، خادىملار قويلارغا يەم - خەشەك بەرمەكتە. ھازىر، كۆپەيتىش مەيدانى شۇ جايدىكى 15 نامرات دېھقاننى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. □ شۇ شياۋلۇڭ فوتوسى

ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دېمەكتۇر، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش دېمەكتۇر. ھازىرقى يۇقۇم ۋەزىيىتىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى پائال قوللىنىپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانىلارنى، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىنى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەرتىپلىك يېتەكلەپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا قوبۇل قىلدى.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ مۇغاللا بازىرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەش كەسىپ باغچىسىدىكى شىنجاڭ خېسەي كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ كىيىم تىكىش سېخىدا، بۇ بازارنىڭ قاغا كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى تۇرىدىخان مەتتوختى كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا بىمالال مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرمەكتە. ھۆكۈمەت جايىدا مۇلازىمەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلدى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانىلار ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈردى، ئىشلەمچىلەر كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئىشلىدى، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت مۇقىم، تەرتىپلىك بولدى. نۆۋەتتە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى 229 كارخانا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈردى، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىش ئورنى 30 مىڭغا يېقىنلاشتى.

«بۇ يەردە ئىشلەپ، ھەر ئايدا 1500 يۈەن تاپالايمەن، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىشەنچىم بار» دېدى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدىكى كۆپ قوزىلايدىغان قوي كۆپەيتىش مەيدانىنىڭ خادىمى خەيرىنسا ئوبۇل خۇشال ھالدا.

1870 قوينىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خەيرىنسا ۋە 14 نامرات ئائىلە كۆپەيتىش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم دېزىنفېكسىيە قىلىپ، قويلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۈچ قېتىم ئۆلچەپ ھەم بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى ياخشى خاتىرىلەپ، كۆپ قوزىلايدىغان قوينىڭ ئەي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى پۇختا تۇتتى، نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، قەشقەر شەھىرىدىكى شىنجاڭ كاچۇن ئاشلىق - ياغ چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخىدا ماشىنا گۈركىرىدى. ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن بۇيان، كاچۇن ئاشلىق - ياغ شىركىتى ھەر كۈنى 260 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىپ، ئاساسلىقى قەشقەر شەھىرى ھەم ئەتراپىتىكى رايونلارنى تەمىنلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، بىر تۈركۈم كارخانىلار كەينى - كەينىدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىنى ۋە ئاممىنى تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

(مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، جاڭ جىلى، خەن چىنيەن يازغان)